# شى جىنپىڭ رۇسىيە زۇڭتۇڭى پۇتىن بىلەن تېلېفونلاشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو بىلەن رۇسىيەنىڭ تاغ ـ دەريالىرى تۇتاش، ئىككى دۆلەت خەلقلىرى قەلبداش. رۇسىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇۋاتقان ئەڭ قىيىن پەيتتە زور كۈچ بىلەن ياردەم بەردى، بىز بۇنى مەڭگۈ ئەستە ساقلايمىز. بۇ بىرقانچە كۈندە، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى موسكۋادا خىزمەتلەرنى پائال قانات يايدۇرۇپ، رۇسىيە تەرەپ بىلەن يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇۋاتىدۇ، بەھرىمەن بولۇۋاتىدۇ. جۇڭگو تەرەپ رۇسىيە تەرەپنى بىر تۈركۈم ياردەم بىلەن تەمىنلىدى ھەم رۇسىيە تەرەپنىڭ جۇڭگودىن يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش داۋالاش ماددىي ئەشيالىرىنى سېتىۋېلىشىغا پائال ھەمكارلاشتى. جۇڭگو تەرەپ داۋاملىق رۇسىيە تەرەپنى قەتئىي قوللايدۇ. رۇسىيە تەرەپنىڭ رۇسىيەدىكى جۇڭگو پۇقرالىرى ئۈچۈن قىلغان ئەجايىپ خىزمىتىگە رەھمەت ئېيتىدۇ. رۇسىيە تەرەپنىڭ ئىلگىرىكىدەكلا جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ رۇسىيەدىكى نورمال خىزمەت، تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: يۇقۇمنى سىياسىيلاشتۇرۇش، بەلگىلەشتۈرۈش خەلقئارا ھەمكارلىققا پايدىسىز، جۇڭگو بىلەن رۇسىيە قول تۇتۇشۇپ ھەمكارلىشىپ، يەرشارى ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكىنى ئورتاق قوغدىشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۇ يىلنىڭ 1 ـ پەسلىدە، جۇڭگو بىلەن رۇسىيەنىڭ ئىككى تەرەپ سودا سوممىسى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 3.4% ئاشتى، بۇ، دۇنيا ئىقتىسادى ئومۇمىيۈزلۈك چېكىنگەن ئارقا كۆرۈنۈشتە ئىنتايىن قىممەتلىكتۇر. جۇڭگو بىلەن رۇسىيە ئىككى تەرەپ دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش جەريانىدا جانلىق، كۆپ خىل يېڭى ھەمكارلىق ئۇسۇلىنى قوللىنىشنى مۇزاكىرە قىلىپ، ئىككى تەرەپ ھەمكارلىقىنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك. ئىشىنىمەنكى يۇقۇم سىنىقى ئارقىلىق، جۇڭگو بىلەن رۇسىيەنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىقى تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىپ كۈچىيىدۇ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ دوستلۇقى جەزمەن ئۇزاق تارىخىي جەرياندا مۇستەھكەملىنىدۇ.

پۇتىن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقى بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش جەھەتتە مۇھىم نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى ھەم دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنى قوللىماقتا ۋە ئۇلارغا مەدەت بەرمەكتە. يۇقۇم يۈزبەرگەندىن بۇيان، رۇسىيە بىلەن جۇڭگو ئىككى دۆلەت باشتىن ـ ئاخىر ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىپ، ئۆزئارا قوللاپ، رۇسىيە بىلەن جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ ئىستراتېگىيەلىكلىكى ۋە يۇقىرى سەۋىيەسىنى نامايان قىلدى. بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ يۇقۇم مەنبەسى مەسىلىسىدە جۇڭگو تەرەپكە قارا چاپلاشقا ئۇرۇنۇش ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ. رۇسىيە تەرەپ داۋاملىق جۇڭگو تەرەپ بىلەن يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قاتارلىق رامكىلار ئىچىدىكى ئالاقە، ماسلىشىشنى قويۇقلاشتۇرۇشنى خالايدۇ.

ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى داۋاملىق جانلىق، كۆپ خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق قويۇق ئالاقىنى ساقلاشقا قوشۇلدى.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

# «بىز بۇ يەردە ناھايىتى ياخشى»

**□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز گەي يوۋجۈن، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز لياك خۇڭتاۋ**

ئۆي ئىچى رەتلىك ھەم ئىللىق ئىدى، دېرىزە تەكچىسىدىكى بىرقانچە تەشتەك يېشىل ئۆسۈملۈكتىن ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇپ تۇراتتى.

4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، سانجى شەھەرلىك مۇھت ئاسراش مەركىزىنىڭ ياتاق بىناسىدىكى بىر يۈرۈش ئەر ـ خوتۇنلار ئۆيىدە، 25 ياشلىق مەمەتنىياز تۇرسۇننىياز بىلەن 24 ياشلىق نۇرزادەم ئابدۇرازاق ئەر ـ خوتۇن، بىر كۈنلۈك خىزمىتىنى تۈگىتىپ تۇرۇشلۇق جايىغا قايتىپ كېلىپ، 1000 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قىزى بىلەن سىنلىق سۆزلىشىشكە تەييارلاندى.

«تېلېفون قىلماي تۇرۇڭ، مەن ئالدى بىلەن گىرىم قىلىۋالاي، سىزمۇ تېزرەك بېرىپ يۈزىڭىزنى يۇيۇپ، كىيىمىڭىزنى ئالماشتۇرۇۋېلىڭ.» ئېرى مەمەتنىياز تېلېفون قىلاي دەپ تۇرۇشىغا، خوتۇنى نۇرزادەم ئۇنى توسۇپ «بىز ھازىر شەھەرلىك بولۇپ قالدۇق، ئۆزىمىزنى ئوبدانراق تۈزەشتۈرۈۋالايلى، بالىغا رەتسىز تەسىر بېرىپ قويمايلى» دېدى.

«توغرا» دېدى مەمەتنىياز كۈلگىنىچە يۈز يۇيۇش دېسىنى ئېلىپ قول يۇيۇش ئۆيىگە ماڭغاچ. نۇرزادەممۇ گىرىم قۇتىسىنى ئېلىپ، ئەينەكنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى.

ئۇلار يەكەن ناھىيەسىنىڭ يېزىسىدىن كەلگەن. سانجى شەھىرىگە كېلىشتىن بۇرۇن، مەمەتنىياز يۇرتىدا ناۋايلىق قىلغان، ئىشلەمچىلىك قىلغان. 2018 ـ يىلى، ھۆكۈمەتنىڭ بىرتۇتاش تەشكىللىشىدە، مەمەتنىياز خوتۇنى بىلەن سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىشقا تىزىملىتىپ، بىللە سانجى شەھىرىگە كەلگەن. «ئەينى چاغدا ئانچە كۆپ ئويلاپ كەتمىدۇق، پەقەت مۇھت ئالماشتۇرۇشنى، ئەر ـ خوتۇن ئىككىلىمىزنىڭ خىزمىتى بولۇشىنى، كۆپرەك پۇل تېپىپ كۈنلىرىمىزنى ياخشىراق ئۆتكۈزۈشنى ئويلىغانىدۇق.» مەمەتنىياز مۇنداق دېدى: «كەلگەندىن كېيىن، بۇ يەرنىڭ بىزنىڭ ئىلگىرى ئويلىغىنىمىزدىنمۇ ياخشى ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق، يەرلىك ھۆكۈمەت بىزنى ئەر ـ خوتۇنلار ئۆيى بىلەن تەمىنلىدى، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ ھەممىسى تەييار ئىكەن، ھەتتا كىرلىك، يوتقان تېشىمۇ يېپيېڭى ئىكەن».

سانجىغا كەلگەندىن كېيىن، مەمەتنىياز ئۆز ھۈنىرىنى ئىشقا سالىدىغان سەھنىگە ئېرىشتى. چۈنكى ناۋايلىقنى بىلگەنلىكتىن، ئۇ سانجى شەھەرلىك مۇھت ئاسراش مەركىزىدە ناۋاي ئۇستامىغا ئايلاندى، خوتۇنى مەركەزدە تازىلىق قىلىشقا مەسئۇل بولدى.

«بۇ يەردە يېمەك ـ ئىچمەك، تۇرالغۇغا پۇل خەجلىمەيمىز، ھۆكۈمەت يەنە بىز ئىككىيلەن ئۈچۈن ئىجتىمائىي سۇغۇرتا، داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنى تاپشۇرۇپ بەردى، ھەر ئايدا 5000 يۈەنگە يېقىن ئىش ھەققى ئالىمىز.» مەمەتنىياز بارماقلىرىنى چىقىرىپ مۇخبىرغا بۇ يەردە خىزمەت قىلىش، تۇرمۇش كەچۈرۈشتىكى تۈرلۈك ياخشى ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. نۇرزادەممۇ ھاياجىنىنى باسالماي: «ھامىلدار بولساق تۇغۇت دەم ئېلىشىمىز بار، پەرزەنتلىك بولساق تۇغۇت سۇغۇرتىسى بار، بىرقانچە خىزمەتدىشىم بەھرىلەندى، ئۇلارنىڭ ئەرلىرىگىمۇ يەنە ھالىدىن خەۋەر ئېلىش دەم ئېلىشى بېرىلدى، بەك ياخشى» دېدى.

«دادا، ياخشى تۇردۇڭلارمۇ؟ مەن سىلەرگە ئەۋەتكەن 3000 يۈەننى تاپشۇرۇۋالدىڭلارمۇ؟» ئۈندىدارنىڭ سىنلىق سۆزلىشىشنى ئۇلىغاندا، مەمەتنىيازنىڭ دادىسى يانفون ئېكرانىدا كۆرۈندى، تۆت ياشلىق نەۋرە قىزى مەلىكەم مەمەتنىيازنى كۆتۈرۈۋالغانىدى.

«تاپشۇرۇۋالدۇق، سىلەر ئۇ يەردە ياخشى ئىشلەڭلار، ئۆيدە بىز بولغاندىكىن خاتىرجەم بولۇڭلار. مەلىكەم، كېلىڭە، دادىڭىز، ئاپىڭىزغا ناخشا ئېيتىپ بېرىڭ» دېدى دادىسى ئۇ تەرەپتە تېلېفوندا سۆزلەپ.

«دادام، ئاپام ئىشلەيدۇ، مەن يەسلىگە بارىمەن، مەن يىغلىمايمەن، مەن غەلۋە قىلمايمەن، مەن بىر ياخشى بالا...»، بالىسىنىڭ تېلېفوندىكى سەبىيلەرچە ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلاپ، مەمەتنىياز ئەر ـ خوتۇننىڭ چىرايىدا خۇشاللىق كۈلكىلىرى جىلۋىلەندى.

«بىز يېڭى كەلگەن چاغدا، دادام خاتىرجەم بولالماي، بالىنى ئېلىپ مەخسۇس بىزنى كۆرۈش ئۈچۈن بىر قېتىم كەلدى.» مەمەتنىياز مۇنداق دېدى: «دادام كەلگەندىن كېيىن، مەن ئۇلارنى سانجى شەھىرىدە بىرقانچە كۈن ئايلاندۇردۇم، ھازىر دادام بىزنىڭ بۇ يەردە ئىشلىگىنىمىزدىن بەك رازى. بىز ھەر كۈنى سىن ئارقىلىق قىزىمىزغا پۇتۇڭخۇا ئۆگىتىمىز، قىزىمىز باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگەندە، ئۇنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىپ ئوقۇتۇشنى ئويلاۋاتىمىز».

سىننى ئېتىۋەتكەندىن كېيىن، مەمەتنىياز چاققانلىق بىلەن خىزمەت كىيىمىنى ئالماشتۇرۇپ، نان يېقىش ئۆيىگە ماڭدى. ئۇ: «بىردەمدىن كېيىن، بىر دوستۇم مېنىڭدىن ناۋايلىقنى ئۆگەنگىلى كېلىدۇ، بېرىپ تەييارلىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىمىسەم بولمايدۇ» دېدى.

مەمەتنىياز ماڭغاچ مۇخبىرغا بىردەمدىن كېيىن كېلىپ ناۋايلىقنى ئۆگەنمەكچى بولغان خەنزۇ دوستىنىڭ ئىسمىنىڭ چېن جىخۇ بولۇپ، ئۇنىڭ سانجى شەھىرىنىڭ ئېرلىيۇگۇڭ بازىرىدا يېقىندىن تونۇشقان دوستى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. چېن جىخۇنىڭ ئىزچىل ناۋايلىق تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپ ناۋايخانا ئاچقۇسى بار ئىكەن، ئۇ باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق مەمەتنىياز بىلەن تونۇشۇپتۇ، ناۋايلىقنى ئۆگىنىۋاتقىنىغا بىر ھەپتە بوپتۇ. «مەن بۇ يەردە ھەرقايسى مىللەتتىن نۇرغۇن دوست تۇتتۇم، بىز ناھايىتى ئىناق ئۆتىمىز».

«بىز بۇ يەردە ناھايىتى ياخشى، پۇل تېپىپ ئۆيدىكىلەرنى باققاندىن سىرت، يەنە خېلى كۆپ پۇل يىغدۇق. مېنىڭچە ئاساسلىقى يەنىلا نەزەر دائىرىمىز كېڭىيىپ، كۆڭلىمىز يورىدى، بۇنىڭدىن كېيىن تەرەققىياتنى قانداق كۆزلەشنى بىلدۇق.» كەلگۈسىگە نىسبەتەن، مەمەتنىيازنىڭ پىلانى بار بولدى، «خوتۇنۇم بىلەن بۇ يەردە بىرقانچە يىل تىرىشىپ ئىشلەپ، كۆپرەك پۇل تاپقاندىن كېيىن، كەلگۈسىدە يۇرتۇمىزغا قايتىپ ئاشخانا ئاچقۇم بار، مەن لەڭمەن سوزۇپ، سەي قورسام، خوتۇنۇم ئاشخانا ئىچىدە مۇلازىمەت ئىشلىرىغا مەسئۇل بولسا، بىر ئائىلە كىشىلىرى ياخشى ئىشلەپ، بىرلىكتە ياخشى تۇرمۇش كەچۈرسەك دەيمەن.» مەمەتنىيازنىڭ كۆزلىرىدىن ئۈمىد نۇرلىرى چاقناپ تۇراتتى.



### ئاياغ تىكىش

**4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، خىزمەتچى لوپ ناھىيەسى ناۋا يېزىسىدىكى نامراتلارنى يۆلەش كەسىپلەر باغچىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېخىدا ئاياغ سۆپىتىنى تەكشۈرۈپ كۆرمەكتە. نۆۋەتتە، بۇ نامراتلارنى يۆلەش سېخى يەرلىكتىن 145 كەنت ئاھالىسىنى يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا جەلپ قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە نامرات كەنت ئاھالىسى 41.**

**□ مەمەتئېلى ئەنۋەر فوتوسى**

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كېڭەز كەنتى كوئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى تاغلىق رايونغا جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى تەخمىنەن 2000 مېتىر، ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 90 كىلومېتىر كېلىدۇ، پۈتۈن كەنتتە 228 ئائىلە بار، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئاساسلىق ئىقتىسادىي مەنبەسى. بۇ كەنتتىكى كەنت ئاھالىلىرى تارقاق ئولتۇراقلاشقان، تۆۋەن بېسىملىق سىمنىڭ دىيامېتىرى ئىنچىكە بولۇپ، ئىزچىل توك ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، «ياخشى توك» ئىشلىتەلمىگەنىدى. بۇ كەنتتە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنىڭ چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىلىشىغا ئەگىشىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئېھتىياجى بارغانسېرى كۈچەيدى، ئېلېكتر تورى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشتىكى توك ئىشلىتىش ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىدى.

«بۇ كەنتتە 800 كىلوۋولت ـ ئامپېرلىق ترانسفورموتوردىن تۆتى يېڭىدىن كۆپەيتىلدى، يېزا ئېلېكتر تورى ئۆزگەرتىلىپ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن توك بېسىمىنى ئۆزگەرتىش سىغىمى 800 كىلوۋولت ـ ئامپېرغا يەتكۈزۈلۈپ، سىغىمى ئىلگىرىكىدىن بىر ھەسسە ئاشۇرۇلۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىنى ئىشەنچلىك توك بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىندۇ» دېدى دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى گۇما ناھىيەلىك توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن دىرېكتور ۋاڭ يۈڭجۈن.

ئىگىلىنىشچە، چېگرا بويىدىكى كەنتلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ قاتنىشى قولايسىز، مۇھىتى ناچار بولۇپ، شۇ جاينىڭ توك بىلەن تەمىنلەش رادىيوسى ئۇزۇن، توك ئىشلىتىشتىكى «ئەجەللىك» «تۆۋەن توك بېسىمى» مەسىلىلىرى بىر قىسىم چەت، يىراق كەنتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ قويغان.

«چېگرا بويىدىكى كەنتلەرنىڭ توك تەقسىملەش تورى قۇرۇلۇشى يېزىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشتا توك ئىشلىتىش مەسىلىسىنى ئۈزۈل ـ كېسىل ھەل قىلىپ، چېگرا رايونلارنى توك بىلەن تەمىنلەشنىڭ ئىشەنچلىك بولۇشىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرىدۇ» دېدى دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى توك تەقسىملەش تورىنى باشقۇرۇش بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى.

نۆۋەتتە، شىنجاڭدىكى چېگرا بويىدىكى كەنتلەرنىڭ توك تەقسىملەش تورى قۇرۇلۇشى قۇرۇلۇش پىلانى بويىچە تەكشى، مۇقىم ئىشلىنىۋاتقان بولۇپ، 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك تاماملاش پىلانلانغان.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خوتەن ۋىلايىتى «دېھقانچىلىق قىلىشقا ماس كەلسە دېھقانچىلىق قىلىش، باقمىچىلىق قىلىشقا ماس كەلسە باقمىچىلىق قىلىش، پىششىقلاشقا ماس كەلسە پىششىقلاش، سودا قىلىشقا ماس كەلسە سودا قىلىش» پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ، نامرات ئاممىنىڭ ھويلا ـ ئاران ئورۇنلاشتۇرۇشنى ياخشى پىلانلىشىغا ياردەم بېرىپ، ئۇلارغا تېرىقچىلىق تېخنىكىسى ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ئۆگەتتى. يەرلىك «بىر كەنتتە بىر مەھسۇلات بولۇش» پىكىر يولىغا ئاساسەن، ھەرقايسى كەنتلەرنى لازا، سۇلۇق لوبو، قوغۇن ـ تاۋۇز، چيۇكۇي قاتارلىق ئىقتىسادىي قىممىتى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى تېرىشقا يېتەكلەپ، ھويلا ـ ئاران ئىگىلىكىنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇش يوللىرىنى يەنىمۇ كېڭەيتتى.

«بۈگۈنكى كۈندە، يېزىمىزدا ‹كىچىك كۆلەم، چوڭ توپ، كىچىك مەھسۇلات، چوڭ كەسىپ›تىن ئىبارەت تەرەققىيات ئەندىزىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى، ھەربىر كەنتتىكى دېھقانلار ھويلا ـ ئارانلىرىنىڭ ئۆز خاسلىقى بار بولدى، ھەربىر كەنتنىڭ ئۆزىنىڭ ئاساسلىق ئۆستۈرىدىغان كۆكتات سورتى بار بولۇپ، ياخشى خاراكتېرلىك ئايلانما تەرەققىيات شەكىللەندى» دېدى ئۈرچى يېزىسىنىڭ يېزا باشلىقى غەيرەت جۇمەخۇن.

كىچىك ھويلا ـ ئاران كىرىمنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇش بىلەن تۇتاشتى. خوتەن ۋىلايىتىدە ھويلا ـ ئاران ئىگىلىكىنىڭ دېھقانلارنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈنۈمى يەنىمۇ گەۋدىلەنمەكتە.

خوتەن ناھىيەسى باغچى بازىرى يۈگەن كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ھىمت ئىمامنىياز خوتەن ۋىلايىتىدىكى ھويلا ـ ئاران ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن نەپكە ئېرىشكەن نۇرغۇن كىشىنىڭ بىرى. ئۇنىڭ مۇخبىرغا ئېيتىشىچە، ئىلگىرى ئائىلىسىنىڭ ھويلا ـ ئاران پىلانلىنىشى مۇۋاپىق بولمىغاچقا، ھويلىسىدىكى يەر بىكار تۇرغان، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت «ئىككى كومىتېت»نىڭ ياردىمىدە، ئۇ ھويلىسىدا توخۇ بېقىشقا باشلىغان. «30 نەچچە توخۇ باقتىم، يىل بېشىدىن ھازىرغىچە تۇخۇم سېتىپ 750 يۈەن كىرىم قىلدىم» دېدى ھىمت خۇشال ھالدا.

ھازىرغىچە، خوتەن ۋىلايىتىدىكى 410 مىڭ ئائىلىلىك دېھقان ھويلا ـ ئارانىنى ئۆزگەرتىشنى تاماملاپ، ئۆينىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى 200 مىڭ مو يەرنى تازىلاپ رەتلىدى. بۇنىڭ بىلەن، بىر مەھەل ھېچكىمنىڭ كارى بولمايدىغان ئۆينىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى «ئالقانچىلىك يەر» «كىرىمنى ئاشۇرۇش باغچىسى»غا ئايلاندى.

«كېيىنكى قەدەمدە، بىز ‹بىر كەنتتە بىر كەسىپ بولۇش، بىر ئائىلىدە بىر ھويلا ـ ئاران بولۇش› نىشانىنى چۆرىدەپ، 2020 ـ يىلى ھويلا ـ ئارانلارغا 100 مىڭ مو كۆكتات تېرىشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرىمىز.» خوتەن ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچىسى لى فۇخۇۋ مۇنداق دېدى: «بىز ھويلا ـ ئاران ئىگىلىكىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى يەنىمۇ قېزىپ، ھەربىر ھويلا ـ ئاراندىن يىلدا 1000 يۈەندىن كىرىم قىلىش نىشانىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرىمىز».

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەت پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى

## لى ۋېي ئىنتىزام ۋە رېۋىزىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ

**ئۆز خەۋىرىمىز** ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەت پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى لى ۋېي ئىنتىزامغا، قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىش گۇمانى بىلەن، نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى تەرىپىدىن ئىنتىزام ۋە رېۋىزىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش ـ ترانسپورت نازارىتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى

## سۇ بياۋ (مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىك) ئىنتىزام ۋە رېۋىزىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ

**ئۆز خەۋىرىمىز** ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش ـ ترانسپورت نازارىتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى سۇ بياۋ (مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىك) ئىنتىزامغا، قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىش گۇمانى بىلەن، نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى تەرىپىدىن ئىنتىزام ۋە رېۋىزىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ.